# رەھىمدىل كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، زېمىن ئەھلىگە رەھمەت قىلساڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ

ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«رەھىمدىل كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، زېمىن ئەھلىگە رەھمەت قىلساڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ».
[(سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: باشقىلارغا مېھرىبان بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا مۇۋاپىق ھالدا (ئۆزىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان) مەرھەمىتى بىلەن رەھمەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زېمىندىكى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچارقۇش ۋە ئۇنىڭ غەيرىدىكى بارلىق جانلىقلارغا رەھىمدىل بولغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا مۇكاپاتلاپ، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8289